شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 5 - ئاي
3
يەكشەنبە
维吾尔文 5 月3日

新疆日报　شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى：CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى：1－57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى：xjrbdzb@xjdaily.com　25050 - سان　بۈگۈن 4 بەت

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق، ياغ زاپىسى يېتەرلىك، بازار ئايلىنىشى تەكشى، مۇقىم بولدى

«ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ياخشى تۇتۇپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ يىنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ۋە ماددىي ئەشيا زاپاس ساقلاش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئاشلىق مەنبەسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ تەمىنلەشنى ئاشۇرغان، بازار تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلغان. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق زاپىسى يېتەرلىك، تەمىنلەش يېتەرلىك، باھا مۇقىم، بازار ئايلىنىشى تەكشى، مۇقىم بولغان.

ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ۋە ماددىي ئەشيا زاپاس ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ئاشلىق، ياغ بازار باھاسىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 14 ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)نىڭ ئاشلىق، ياغ بازار باھاسى تەكشى، مۇقىم بولغان، ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۈن (25 كىلوگراملىق ئوراپ قاچىلانغىنى)نىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 3.44 يۈەندىن 3.76 يۈەنگىچە، 1 - دەرىجىلىك گۈرۈچنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 5 يۈەندىن 7.5 يۈەنگىچە بولۇپ، ئاشلىق، ياغنىڭ بازار باھاسى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئاساسەن تەڭ بولغان.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش تېزلىتىش كۇنۇپكىسىنى باستى يېڭى ئىقتىسادنىڭ يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوزغالدى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش · خىرىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «ياخشىمۇسىز، غەربىي شىمال نېفت مېھمانسارىيىغا كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز...» 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، غەربىي شىمال نېفت مېھمانسارىيىنىڭ چوڭ زالىدا، مېھمان كۈتۈش ماشىنا ئادەمى قىزغىنلىق بىلەن مېھمانسارايغا كىرگەن مېھمانلارنى يېتەكلىمەكتە ئىدى. كەسپكە پىششىق بۇ «مۇلازىمەتچىلەر» ئۈرۈمچى يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانسارايلارغا كىرگۈزگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى ماشىنا ئادەملەر.

غەربىي شىمال نېفت مېھمانسارىيىنىڭ ئالدى زال دىرېكتورى جاڭ خۇي مۇنداق دېدى: مېھمانسارىيىمىزدا ھازىر ياتاققا ۋە تاماق توشۇشقا مەسئۇل ئىككى خىل ماشىنا ئادەم بار بولۇپ، بىنا ئىچىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، ئۇچراشماي مال سېتىۋېلىش، مېھمانسارايىنىڭ تاماق يەتكۈزۈش مۇلازىمىتى قاتارلىق ئىقتىدارلارنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن تەسىر ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى كارخانىلار قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھات ئارقىلىق تەرەققىياتقا ئىنتىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماركېتىڭ ۋاستىلىرىدىن دادىل پايدىلىنىپ، ئاقىل ئەشيا ئوبوروتى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا ئادەم، ئاقىل دىياگنوز قويۇش - داۋالاشنى مىسلى كۆرۈلمىگەن سۈرئەتتە ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى قويۇپ بەرمەكتە.

4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش شىنجاڭ شىركىتى بىلەن «5G + ئاقىل سانجى» ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، ئىككى تەرەپ قول تۇتۇشۇپ «5G + ئاقىل سانجى» قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەقىقىي تۈردە 5G تېخنىكىسىنى ھەممە كەسىپلەرگە سىڭدۈرۈپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلدۇرۇپ، جەمئىيەت ئۇچۇر ئېقىمىنىڭ ئاساسىي تومۇرىغا، كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تېزلەتكۈچىسىگە ئايلاندۇرىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

«1 - ماي»دىكى ياخشى پەيتلەردىن ئورتاق بەھرىلىنىش

مەنزىرە رايونلىرى كۆڭۈل قويۇپ كاپالەتلىك قىلدى ساياھەتچىلەر خاتىرجەم ساياھەت قىلدى

شىنجاڭ ياخشى جاي · 1 - سەپتە زىيارەت قىلىش

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جىڭ بو، رېن جياڭ، ياۋ گاڭ، دۇڭ لياڭ

بۇ يىللىق «1 - ماي»دا بەش كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلدى، دەم ئېلىش ۋاقتى ئۇزاق بولغاچقا كۆپچىلىكنىڭ سىرتقا چىقىپ ساياھەت قىلىش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولدى. قانداق قىلغاندا ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەتكە چىقىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، توپلىشىۋېلىشتىن، قىستاڭچىلىقتىن ساقلىنىشقا يېتەكلىگىلى بولىدۇ؟ مۇخبىرلار زىيارەت جەريانىدا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرىدا دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ ناھايىتى جايىدا بولغانلىقىنى، ساياھەتچىلەرنىڭ كۆڭۈللۈك، خاتىرجەم ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى.

خاتىرجەم ئويناش كۆڭۈللۈك ساياھەت قىلىش

ماسكا، تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچ، مۇداپىئە كىيىمى، سورۇنلارنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش، ساغلاملىق كودىنى تەكشۈرۈش، ھەرىكەتچان سەييارە تەكشۈرۈش... «1 - ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرى دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، مەنزىرە رايونىغا كىرگەن ھەربىر ساياھەتچىنى خاتىرجەم ئويناش، كۆڭۈللۈك ساياھەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىرىشتۈردى.

1.5 مېتىر ئارىلىق ساقلاش بەلگىسى، پىدائىيلار يېتەكلەش، ئارىلىق ئاپتوموبىلدا ئورۇن قالدۇرۇپ ئولتۇرۇش، ساياھەت لىنىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش ئارقىلىق ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرى ساياھەتچىلەرنىڭ بىخەتەر ساياھەت قىلىشىغا ئەڭ زور دەرىجىدە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئۈرۈمچى تيانشان چوڭ جىلغىسى مەنزىرە رايونى ساياھەتچىلەر مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ بىلەت سېتىۋېلىش كۆزنىكى تەرتىپلىك ئايرىلغان بولۇپ، يەرگە قىزىل رەڭلىك ئارىلىق ساقلاش سىزىقى چاپلانغان، يانىدا يەنە پىدائىيلار ساياھەتچىلەرنىڭ ئارىلىق ساقلىشىنى ھەر ۋاقىت ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



قاناس مەنزىرە رايونى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ساياھەتچىلەر قاناس مەنزىرە رايونىدا ساياھەت قىلماقتا. «1 - ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىنىڭ تۇنجى كۈنىدە، قاناس مەنزىرە رايونى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ساياھەتچىلەرنى پايال ئەلا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، جەمئىي 30 مىڭ ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋالدى.
شۇ گۇاڭجيەن فوتوسى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭدىكى قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەگە 1 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى تارقاتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈفېيىنىڭ** جۇڭگو يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىدىن ئىگىلىشىچە، 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەگە 1 مىليارد 48 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى تارقاتقان بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 306.2% ئېشىپ، قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەنى قەرز پۇل تارقىتىش بىلەن تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

بۇ يىلدىن بۇيان، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيەدىكى ناھىيەلىك تارماق بانكىلارنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى، سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ۋە خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى چىڭ كۆزلەپ، نىشان - ۋەزىپە بويىچە ۋەۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى تولۇق قاپلاشنى يولغا قويدى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكا ۋە ناھىيە دەرىجىلىك تارماق بانكىلار ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتىدىغان جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈردى. 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە، قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون نامرات ناھىيە ماركېتىڭ زاپىسى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن 123نى تاماملىدى. ئىگىلىنىشىچە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

ئىشلەپ ياخشى كۈنگە ئېرىشتى تۇرمۇشى ھەسەلدىنمۇ تاتلىق ئۆتمەكتە

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يۇۋجۈن ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز سۇڭ خۇامىن

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سەھەردە، سانجى شەھىرى يۈشۈگۈ بازىرى چارۋىچىلىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بىجيەننىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى چېكىلدى، كەلگىنى ئىزچىل ئۇنىڭ ئۆيىدىن مال كىرگۈزىدىغان سانجى شەھىرىدىكى خېرىدار ئىدى.

بىردەمدىلا، بىجيەن بىلەن خوتۇنى شيالى خېرىدارغا ياردەملىشىپ 100 كىلوگرام قۇرۇت ۋە سېرىق مايىنى ئاپتوموبىلغا قاچىلىدى. بۇ چاغدا، بىجيەننىڭ ئۆيىگە يېڭى سۈت ئېلىپ كەلگەن كەنت ئاھالىسى قالىس مۇنداق دېدى: «ئەتىياز كەلگەندىن بۇيان، بىجيەن ئاكىنىڭ ئۆيىدىن ئىزچىل خېرىدار ئۈزۈلمىدى».

لېكىن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، بىجيەن ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى بۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئائىلىسى بىرنەچچە سۈت كالىسى باققان بولۇپ، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن سۈت سېتىشقا تايىنىپ بىر ئائىلىدىكى ئۈچ جاننىڭ تۇرمۇشىنى قامدايتتى، كۈنلىرى غورىبەتچىلىكتە ئۆتەتتى.

2018 - يىلىنىڭ بېشىدا، بىجيەننىڭ قوشماقلاشقان تۇغقىنى، سانجى دۆلەت يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنىڭ كادىرى چېن ياڭ ئۇنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ زىيارەت قىلىپ، بىجيەن ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئازراق كالا سۈتى سېتىشقا تايىنىپلا تۇرمۇشنى قامدايدىغانلىقىنى بىلىپ، بىجيەن ئائىلىسىنىڭ سۈت مەھسۇلاتلىرى پىششىقلاشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش قارارىغا كەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، چېن ياڭ خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا بىجيەننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇلارغا سۈپەت ئېتىراپنامىسى، يېمەكلىك تازىلىقى، ماركىنى رويخەتكە ئالدۇرۇش قاتارلىق سىياسەت، قانۇن - نىزاملارنى سۆزلەپ بەردى، يەنە ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ پاكىز ئىشلەپچىقىرىش ھۇنەرخانىسى قۇرۇشىغا ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چېن ياڭ سانجى دۆلەت يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مەمەتنىڭ خىزمىتى بار بولدى، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشنى كۈتۈۋاتىدۇ

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز سۈي يۈنيەن، لى شىڭ

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شىمالىي شەھەر ئەتراپىدىكى بىر ئەشيا ئوبوروت كارخانىسىدا، مەمەت ھېكىم ئىشداشلىرىنى باشلاپ ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن بىر چوڭ تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلدىن يۈك چۈشۈردى. «ماللار ئۈرۈمچىدىن توشۇپ كېلىنگەن، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يەنە كىيىم - كېچەك، تۈرلۈك ماللار بار.» مەمەت پۇتۇڭخۇادا راۋان سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «مەن ھازىرقى خىزمىتىمنى بەك ياخشى كۆرىمەن، بۇ يەر ھاياتىمنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى».

كىشىلىك ھاياتىدىكى تۇنجى خىزمەت

مەمەت بۇ كارخانىدا گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، يەتتە - سەككىز ئىشچىنى باشقۇرىدۇ. «ئۇ خىزمەتتە ئەستايىدىل، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، خېرىدارلارغا قىزغىن، ئەستايىدىل بولغاچقا، كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا گۇرۇپپا باشلىقى بولدى» دېدى كارخانا مەسئۇلى جۇ لۇچۈەن.

2019 - يىلى 4 - ئايدا، مەمەتنىڭ ئونسۇ ناھىيەسى چاغراق يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتىنى ئېلىپ خىزمەت ئىزدەپ كەلگەن كۆرۈنۈشى ھېلىھەم جۇ لۇچۈەننىڭ ئېسىدە. خەتتە:

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

مەدەنىيەت ھىدى كۈچلۈك دەم ئېلىش مەزگىلى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جيا چۈنشيا

«1 - ماي» دەم ئېلىش مەزگىلىدە، مۇخبىر شىنجاڭ مۇزېيى، شىنجاڭ كۇتۇپخانىسى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى چوڭ كىتابخانىلار قاتارلىق مەدەنىيەت سورۇنلىرىنى زىيارەت قىلىپ، نۇرغۇن ئۈرۈمچى شەھەرى ئاھالىسىنىڭ بايراملىق دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ ئۆزىگە «ئېنېرگىيە تولۇقلاپ»، مەدەنىيەت ھىدى كۈچلۈك بولغان بايرام ئۆتكۈزۈشنى تاللىغانلىقىنى بايقىدى.

5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، مۇخبىر ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ دوستلۇق يولىغا جايلاشقان شىنجاڭ شىنخۇا خەلقئارا كىتاب شەھەرچىسىدە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىن خېلىلا كۆپەيگەنلىكىنى، چوڭلار، بالىلارنىڭ ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان كىتابلارنى ئەستايىدىل ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇلار پۈتۈنلەي بىلىم دېڭىزىغا چوڭقۇر چۆككەنىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئۈرۈمچىدە بازار ئىستېمالى جانلاندى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ يۈ، يۈ شى

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھاۋا ئازراق تۇتۇق بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كەتكەنىدى.

بۇ يەردىكى ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرى ساياھەتچىلەرنى قەدەمىنى توختىتىپ بەس - بەستە سۈرەت تارتىشقا جەلپ قىلدى؛ كوچىنىڭ ئىككى يېقىدىكى ئۆزگىچە ئۇششاق يېمەكلىكلەر ھەر ۋاقىت بالىلارنى جەلپ قىلىپ تۇراتتى؛ غايەت زور تونۇر قاتارلىق توردا ئالقىشلانغان كۆپلىگەن ئۆزگىچە مەنزىرە نۇقتىلىرىدا كىشىلەر خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋاتاتتى...

گۈي. يۈشيەن زۇڭگى رەڭلىك سىزما دۇكىنىدا، ئەمدىلا دۇكان ئايرىپ چىققان شاگىرت ئادىلە ئابلا ئىككى خېرىدارنى كۈتۈۋالدى. ئۇ ئالاھىدە ياسالغان قەلەم بىلەن

(ئاخىرى 3 - بەتتە)